«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى ( 266 )
"东风工程" 图书出版项目之266

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ئوقۇشلۇقى

# پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ قاناتلىنىش

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچىلا-
رىنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغانلىقى توغرىسىدا
ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: ليۇ يىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

# پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ قاناتلىنىش

## (رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

ـــــ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلار ـ
رىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغانلىقى توغرىسىدا
ھېكايىلەر


تۈزگۈچى: ليۇيىن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبۇللا ئىلياس
نۇرئىلى مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)**

画说乘着科技的翅膀：新疆少数民族农牧民科技致富的故事：维吾尔文/刘寅主编．艾比布拉·艾力牙斯等译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.7

ISBN 978-7-80744-357-5

Ⅰ．画… Ⅱ．刘… Ⅲ．纪实文学-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 108080 号

**画说乘着科技的翅膀**（维吾尔文）

——新疆少数民族农牧民科技致富的故事

刘寅　编著

艾比布拉·艾力牙斯 等　译

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出版

（乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787mm×1092mm　32 开本　3 印张

2008 年 8 月第 1 版　2008 年 8 月第 1 次印刷

印数：1-22 600 册

ISBN 978-7-80744-357-5（民文）　定价：9.10 元

پىلانلىغۇچى: **دۇڭ فىڭ**
ئومۇمىي لايىھىلىگۈچى: **چۇ يۈەن**
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: **داڭ خۇڭ**
رەسىملىرىنى سىزغۇچى: **لوڭشىخۇي كارتون فىلىم چەكلىك شىركىتى**

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر قۇتلۇق**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **دىلبەر ياقۇپ**
مەسئۇل كوررېكتورى: **مەرھابا مۇھەممەت**


**پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ قاناتلىنىش (رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)**
—— شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغانلىقى توغرىسىدا ھېكايىلەر
تۈزگۈچى: ليۈيىن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبۇللا ئىلياس
نۇرئىلى مۇھەممەت

*　　*　　*

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى،
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر پوچتا نومۇرى: 830000)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787mm×1092mm، 1 /32 باسما تاۋقى: 3
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1ـ نەشرى
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 22600
ISBN 978 - 7 - 80744 - 357 - 5

باھاسى: 9.10 يۈەن

# كىرىش سۆز

«شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات ـ نەشرىيات ئامىمىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا ـ كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن ـ سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى؛ دېھقانلار» خىزمىتىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئوقۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، كۆڭۈل ئېچىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار قاتارلىق ئون چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لىنىيە قىلىندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دېموكراتىك بولۇش» قا يېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت قىلىندى؛ ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پرىنسىپ قىلىندى. بىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۈچىدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى،

پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىنىڭ
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە


يىللىقى 80 مىڭ يۈەن تەمىنات بىلەن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىش ........1

ئانارچىلىق كەسپىنىڭ زور تەرەققىياتىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرى سۈرۈش........6

يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش بويىچە سەييارە كىگىز ئۆيى بېيىشنى ئىلگىرى سۈردى........12

يېڭىچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى دېھقانلارنى بېيىتتى........15

تېمىتىپ سۇغىرىشتىن مىڭلىغان ئائىلىلەر نەپ ئالدى........20

بېيىش يولىدىكى باشلامچى........24

تاۋۇزلار دېھقانلارغا بايلىق ئېلىپ كەلدى ........28

پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ قاناتلىنىش........31

ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ باشلامچىسى........36

ئۆزگىچە باغۋەنچىلىكتە ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان بېيىش باشلامچىسى........41

«توخۇلار قوماندانى» ۋە توخۇ باققۇچى 500 كەسپىي ئائىلە........49

كۆزقاراش بىلەن تەڭ ھەممە ئۆزگەردى........61

چارۋىچىلارنى بېيىشقا يېتەكلىگەن باشلامچى........67

ياڭاقتىن قۇچقان ئامەت........77

گۈچۈڭ دېھقانلىرى قارا ئاشلىقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىشتىن نەپ ئالدى........80

دېھقان كەشپىياتچى «ئەقىل كۆرسىتىش» كە تايىنىپ كىرىمنى كۆپەيتتى........83



## يىللىقى 80 مىڭ يۇەن تەمىنات بىلەن مۇتەـ خەسسىس تەكلىپ قىلىش

خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىسىدىكى لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىدىغان 800 نەچچە ئۆيلۈك دېھقانلار 2007 ـ يىلى ھەمـ مىسى 80 مىڭ يۇەن پۇل چىقىرىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىشتا داڭ چىقارغان ماھىر چېن خەنسەيىنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلدى. بۇ، شۇ يەردە خېلىلا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.



چېن خەنسەي خوتەن ۋىلايەتلىك ئۈرۈقچىلىق مەيدانىدىكى دېھقان بولۇپ، لاپاس پارنىك پەرۋىشى جەھەتتىكى ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغانىدى. چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىسىدىكى رەھبەرلەر دېھقانلارنىڭ لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ يېزىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.



2003 ـ يىل 8 ـ ئايدا، چېن خەنسەي تەكلىپ بىلەن گۈلاخما يېزىسىغا كەلگەندە، بۇ يېزىدا لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىپ باققان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. چېن خەنسەي ئۇلارغا، بىر پارنىكتىن بىر يىلدا ئىككى، ئۈچ مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمىدى.



چېن خەنسەي ئالدىراپ قالدى، ئۇ دېھقانلار ئالدىدا مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «بىز توختام تۈزۈشەيلى، مەن يىللىق كىرىمىڭلارنىڭ بىر مىڭ 500 يۈەندىن چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە كېپىللىك قىلاي، ئەگەر شۇنىڭغا يەتكۈزەلمىسەم، يەتمىگەن قىسمىنى مانا مەن تولۇقلاپ بېرەي» دېدى. نەتىجىدە، 60 لاپاس پارنىك ئاران ھۆددىگە بېرىلدى.



بىر يىلدىن كېيىن، ھۆددىگەرلەرنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى؛ ھۆددە ئالمىغانلار پۇشايمان يەپ، داغدا قالدى.

2004 ـ يىلى، بۇ يېزىدىكى لاپاس پارنىكلار 530 غا كۆپەيدى، 2007 ـ يىلى 890 گە يەتتى. 2006 ـ، 2007 ـ يىللىرى دېھقان ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم ئىككى لاپاس پارنىكتا ھەم مايسا يېتىشتۈرۈپ، ھەم كۆكتات تېرىپ 26 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com



دېھقانلار لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىپ چۆنتىكىنى پۇلغا توشقۇزـ غاچقا، چېن خەنسەينى بېيىش يولىدىكى باشلامچىمىز، دەپ ئېتىراپ قىلـ دى. چېن خەنسەينىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېـ تەكچىلىكىگە دېگەن ۋاقىتتا ئېرىشىش ئۈچۈن، گۇلاخما يېزىسىدىكى يۇرتداشلار بىرلىشىپ، 2007 ـ يىلى يىل بېشىدىن باشلاپ، چېن خەنسەيـ نى گۇلاخما يېزىسىنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىشنى، يىلىغا 80 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى بېرىشنى، بۇ پۇلنى ھەر كىم لاپاس پارنىك سا ـ نىغا قاراپ ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلدى.




يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ چېن خەنسەيگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يېزىدىكى ئەڭ ياخشى ئۆيىنى ئۇنىڭغا ھەقسىز بەردى، يەنە تەرجىمان سەپلەپ، بىر موتسىكلىت ئېلىپ بەردى.



گۇلاخما يېزىسىدىكى دېھقانلار ئەزەلدىن لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىپ باققان ئەمەس، لاپاس پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىشنى خالىماسلىقتىن، لاپاس پارنىك تېرىقچىلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كەسىپ ئەھلىنى پۇل چىقىرىپ تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشتەك ئۆزگىرىش شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشقا بولغان تونۇشىنى ۋە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە بېيىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئەقلىي جەھەتتە بېيىش» كېرەك. ئۇلار سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىنىڭ يېڭىچە دېھقانلىرىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

# ئانارچىلىق كەسپىنىڭ زور تەرەققىياتىنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرى سۈرۈش



گۇما ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىدىكى تەبىئىي شارائىتى ناچارراق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى. ۋەھالەنكى، بۇ ناھىيىدىكى مەشھۇر «ئانار ماكانى» بولغان پىيالما يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى ئانار ئۆستۈرۈشكە تايىنىپ بېيىدى.



پىيالما يېزىسى ئەسلىدە گۇما ناھىيىسىدىكى بىر نامرات يېزا بولۇپ، يېزا بويىچە 90% ئائىلە نامرات ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ يېزا دېھقانلارنىڭ ئانار ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ يېزا مەشھۇر «ئانار ماكانى» غا ئايلاندى.




1997 - يىلى، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى «100 مو سورتلۇق ئانار يېتىشتۈرۈش بويىچە پەن - تېخنىكا ئۈلگىسى» تۈرىنى ھۆددىگە ئالدى. بۇ تۈرنىڭ ئورنى پىيالما يېزىسى قىلىپ تاللاندى. پىيالما يېزىسىدىن چىقىدىغان ئانار «پىيالما» دېگەن ماركا بىلەن رويخەتكە ئېلىندى.



«پىيالما» ئانىرىنى ئۆستۈرۈشتە تۈجۈپىلەپ ئىشلەش يولىغا قويۇلمىغانلىقتىن ئانار مەھسۇلاتى تۆۋەن، سورتى ناچار بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، خوتەن ۋىلايىتى ئانار ئۆستۈرۈشكە بولغان پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى چې فېڭبىننى تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى.



2003 - يىلى، گوما ناھىيىسىدە، ئانار ئۆستۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، شۇ يەرنىڭ ئانار ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىندى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا، پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش ناھايىتى قىيىن بولدى.



پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئۆيمۇئۆي بېرىپ دېھقانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، ھەربىر تۈپ ئاناردا 7 دىن 11 تالغىچە شاخ قالدۇرۇشنىڭ داۋلىسىنى چۈشەندۈردى. ئەمما، ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ئانار ئۆستۈرۈش ئادىتى بويىچە، ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، دېھقانلار يەنىلا ھەر تۈپتە 20 نەچچە تال شاخ قالدۇردى.



بۇ ئىش تىلغا ئېلىنسىلا، مەمەتتوختى ساۋۇت مۇنداق دەيدۇ: «2003 ـ يىلى، ئۈشتۈمتۈت بىر توپ ئادەم كېلىپ، بېغىمدىكى ئانارلارنىڭ شاخلىرىنى چاتىماقچى بولدى. شۇ چاغدا مەن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتىم ـ دە: كىم مېنىڭ ئانارلىرىمنىڭ شېخىنى كېسىدىكەن، مەن شۇ ئادەمنىڭ بارماقلىرىنى چانىۋېتىمەن، دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان مۇتەخەسسىس چې فېڭبىن ماڭا كېپىللىك بېرىپ: شاخلار چاتالغاندىن كېيىن، مەھسۇلاتى ئىلگىرىكىگە يەتمەي قالسا، ھەممە زىياننى مەن تۆلەپ بېرىمەن، دېدى. نەتىجىدە ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم.»



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com